## 38145 ـ هاراقكەشنىڭ هالىغا ۋاي!

### سوئال

بىر قىز رامزان ئېيى كېرىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ هاراق ئىچىدۇ ۋە رامزان ئېيى كىرگەندىن باشلاپ پەرز روزىنىمۇ تۇتۇشقا باشلايدۇ، دوستلىرىدىن بىرى ئۇ قىزغا: ئۇنىڭ رامىزاندىن بىرنەچچە كۈنلا ئىلگىرى هاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن، روزىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىبادىتىنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى، هاراق ئىچكۈچى ناماز ۋە روزىلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىشى ئۈچۈن 40 كۈن ساقلىشى لازىملىقىنى ئېيتقان. يۇقىرىقى سۆزلەر توغرىمۇ؟ بۇ هەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

شۈبهىسىزكى، هاراق ئىچىش چوڭ گۇناهلاردىن سانىلىدۇ. هاراق بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبىيى، يامانلىقلارنىڭ ئاچقۇچى...، ئەقلنى بۇزغۇچى، پۇلنى ئىسراپ قىلغۇچى، باشنى ئاغرىتقۇچى، تەمى كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان، نىجىسلىقتا ۋايىغا يەتكەن مەلئۇن شەيتاننىڭ قىلمىشىدۇر. هاراق ئىچىش كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئۇ، هاراقكەشنى ئاللاهنى ياد ئېتىش، نامازنى ئادا قىلىشتىن چەكلىگەندىن سىرت، زىنا ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان پىسق ـ پۇجۇرلارغا چاقىرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانى ئەخلاقنىڭ يوقىلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، هەتتا مەستلىكتىن ئۆزىنىڭ قىزى، هەمشىرىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا چېقىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئايالى ۋە قىزلىرىغا بولغان كۈندەشلىكنى يوق قىلىدۇ، خارلىق، رەسۋالىق ۋە پۇشايماننى كەلتۈرىدۇ. هاراق ئىچكۈچىلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەقلنى توغرا يولغا سەرپ قىلمىغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئىپپەت ـ هايانى ئاياغ ـ ئاستى قىلىدۇ، سىرلارنى ئاشكارا قىلىدۇ، باشقىلار ئالدىدا ئاشكارا ئىشلەش چەكلىنىدىغان ئىشلارنى يەنى گۇناه ـ مەسىيەت ۋە قەبىھ ئىشلارغا هېچ پەرۋا قىلماستىن ئىشلەيدۇ. هاراقكەش قەلبىدە چەكلەنگەن ـ هارام ئىشلاردىن هەزەر قىلىش تۇيغۇسى بولمايدۇ، هاراق ئىچىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغۇچىنىڭ قىلمىشى، بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاشتۇر.

هاراق قانچىلىغان جېدەل ـ ماجرالارغا سەۋەپ بولدى؟، ئۇنى ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن قانچىلىغان كىشىلەر ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ نامراتلىشىپ، ئىززەت ـ هۆرمىتى يوقىلىپ خار بولۇپ، جەمئىيەتتە يۈز ـ ئابرۇيى چۈشتى؟.

هاراق سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللار ئاجراشتى، پەرزەنتلەر يېتىم بولدى، قەلبلەر ئۆرتەندى، يۈرەكلەر داغلاندى، قايغۇ ـ

ھەسرەت دەرت-ئەلەملەرنى قالدۇردى، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت بولدى، ھاراق ئىچكۈچىلەرگە ياخشىلىق ئىشىكلىرى تاقالدى، يامانلىق ئىشىكلىرى ئېچىلدى، ئۇلار نۇرغۇن بالا-مۇسىيبەتلەرگە دۇچ كەلدى، ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلدى، ھاراقكەشلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىيبەتلەر ناھايىتى كۆپ، چۈنكى ھاراق گۇناھنىڭ مەنبىيى، يامانلىقنىڭ باشلىنىشى، ئىنساننىڭ نېمەتتىن ئايرىلىپ، ئازابقا دۇچار بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر.

ئۇنىڭ رەزىللىكىنى ھېسابقا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ھاراقكەش جەننەتنىڭ شارابلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە قىلغۇدەك مۇسىيبەتتۇر. ھاراقنىڭ زىيىنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر. [ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھنىڭ "ھادىيەلئەرۋاھ"  ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى].

تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىرنەچچە دەلىللەرنى كەلتۈرىمىز:

1- ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھاراقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار.» [مائىدە سۈرىسى 90-ئايەت]

2- ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچكۈچىگە لەنەت قىلدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاراققا، ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، ياساشقا بۇيرۇغۇچى ۋە بۇيرۇلغۇچىغا، يۆتكەپ ئەكىلىشكە بۇيرۇغۇچى ۋە ئەكىلىپ بەرگۈچىگە، ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىغا ۋە پۇلىنى ئىشلەتكۈچى قاتارلىقلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى» دېگەن. [سۈنەن ئەبۇ داۋۇت 3189- ھەدىستە بايان قىلىنغان. شەيخ ئەلبانىي ئەبۇ داۋۇتنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2- توم 700- نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

3-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغۇچىنى بۇتقا چوقۇنغۇچىغا ئوخشاتقان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالغۇچى كىشى بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى 3375- نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2720- نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

4 -ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالغۇچى جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاراق ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالغۇچى كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى 3376-نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2721 - نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

5ـ ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاراقتىن يىراق بولۇڭلار، چۈنكى ئۇ بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر، ئىلگىرىكى زاماندا بىر ئابىد بولۇپ، ئۇ بىر بۇزۇق ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بىر كۈنى ئۇ بۇزۇق ئايال ئۆزىنىڭ ئايال خىزمەتچىسىنى ئابىدنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئابىدنى بىر ئىشقا گۇۋاھ بولۇشقا تەكلىپ قىلغان، ئابىد ماقۇل بولۇپ، ئايال خىزمەتچى بىلەن بىرگە ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلگەن، ئابىد ھەر بىر ئىشىكتىن كىرگەندە خىزمەتچى ئىشىكنى تاقىۋەتكەن، ئەڭ ئاخىرقى ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدە ھىلىقى بۇزۇق ئايال، بىر كىچىك بالا ۋە بىر جام ھاراقنى كۆرىدۇ، ئۇ ئايال ئابىدقا: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىنى بۇ يەرگە گۇۋاھچىلىققا چاقىرمىدىم، لېكىن سىنى چاقىرىشىمدىكى سەۋەپ، مەن بىلەن بىرگە بولۇشۇڭ ياكى بۇ ھاراقنى ئىچىشىڭ ياكى بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشىڭ ئۈچۈندۇر، دەيدۇ، ئابىد: ماڭا ھاراق قۇيغىن دەيدۇ، بىر ئاپقۇر ئىچكەندىن كېيىن توختىماستىن ھاراق قۇيۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايال بىلەن بىرگە بولدى يەنى زىنا قىلدى ۋە كىچىك بالىنىمۇ ئۆلتۈردى. ھاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھاراقنى ئادەت قىلىۋېلىش بىلەن ئىمان بىر جايدا بولمايدۇ، ئىككىسىدىن بىرى بولىدۇ، يەنى ياكى ئىمانلىق مۇسۇلمان بولىدۇ ياكى ھاراقنى ئادەت قىلىش بىلەن ئىماندىن ئايرىلىدۇ.» [نەسائىي رىۋايىتى 5666-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي نەسائىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 5236-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

6ـ ھاراقكەشنىڭ 40 كۈنگىچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان كىشىنىڭ 40 كۈنگىچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يەنە قايتىدىن ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، 40 كۈنگىچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يەنە قايتىدىن ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، 40 كۈنگىچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يەنە ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، چوقۇم ئاللاھ تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدە سىيىسىق نەرسە بىلەن سۇغۇرىدۇ، ساھابىلار: يا رەسۇلۇللاھ! قانداق سىيىسىق نەرسە بىلەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: دوزاخ ئەھلىنىڭ سىيىسىق تەرلىرى، ژىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن دەپ جاۋاپ بەرگەن.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى 3377-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2722-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

نامىزى قوبۇل بولمايدۇ دېگەنلىك؛ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس ئەمەس ياكى نامازنى تەرك قىلسۇن دېگەنلىك بولماستىن بەلكى ئۇ نامازغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا، مەزكۇر نامازنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دېيىلسە، ئۇنىڭ پايدىسى: نامازنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە ئادا بولىدۇ ۋە نامازنى تەرك ئەتتىڭ دەپ جازالانمايدۇ.

ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مىرۋەزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن 40 كۈنگىچە ئوقۇغان نامىزىغا ساۋاپ بېرىلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر. خۇددى

جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا جىم ئولتۇرماي گەپ قىلغان كىشى گەرچە جۈمە نامىزىنى ئوقۇسىمۇ، ئۇنىڭغا (لا جمعة) ساڭا جۈمە يوق دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ خاتالىقىنىڭ سەۋەبىدىن جۈمە نامىزىنىڭ ساۋابى بېرىلمەيدۇ دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ". [نامازنىڭ قەدرىنى ئۇلۇغلاش ناملىق ئەسەرنىڭ 2- توم 587–588-بەتلەرگە قارالسۇن].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "نامىزى قوبۇل بولمايدۇ دېگەننىڭ مەنىسى، ئوقۇغان نامىزىغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر، شۇنداقتىمۇ نامازنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ئادا بولىدۇ، ئۇنىڭ نامازلىرىنى قايتىدىن ئوقۇشى كېرەك بولمايدۇ".

ئەمما سوئالدا بايان قىلىنغان، "تۇتقان روزىسى رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ" دېگەن سۆزگە كەلسەك، بەزى ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ، ناماز قوبۇل قىلىنمايدىكەن باشقا ئىبادەتلىرىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ يەكۈن چىقارغان.

ئۇستاز مۇبارەك پورىي تىرمىزىنىڭ شەرھىسى تۆھپەتۇل ئەھۋەزىيدە بايان قىلىنغان بۇ سۆزنى نەقل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ ھەدىستە نامازنى خاس قىلىشتىن بولغان مەقسەت، ناماز دېگەن بەدەنى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەۋزىلىدۇر، ئەگەر بۇ ئىبادەت قوبۇل قىلىنمىسا ئەلۋەتتە باشقا ئىبادەتلەرمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىمام ئىراقىي ۋە مەناۋىيلارمۇ شۇنداق دېگەن.

يۇقىرىقى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، هاراقكەشنىڭ تۇتقان روزىسىنىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ دەيمىز، بۇنىڭدىن هاراقكەش روزا تۇتمىسۇن دېگەنلىك مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسانىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ، ئەمما تۇتقان روزىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى، ئۇنىڭ جازاسىدۇر، ھەقىقەتتە هاراقكەشكىمۇ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، رامزاندا روزا تۇتۇش پەرز، ئەگەر ناماز–روزىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جىنايىتى هاراق ئىچكەنلىكىدىنمۇ كاتتا بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇسۇلماننىڭ گۇناھ–مەسىيەتكە چۆشۈپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىشتىن ئاجىز كېلىشى، ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ گۇناھ–مەسىيەتنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ داۋاملاشتۇرۇشى ياكى تائەت–ئىبادەتنى تەرك قىلىپ ئۇنىڭغا سەل قارىشى توغرا بولمايدۇ، بەلكى كۈچىنىڭ يېتىشچە تائەت–ئىبادەتكە يۈزلىنىپ، ھالاكەتلىك چوڭ گۇناھلاردىن يىراقلىشىپ، ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغان مەسىيەتلەرنى تەرك قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.

مۇسۇلمان دائىم ئاللاھدىن قورقۇپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ھەزەر قىلىشى، ئۆز نەپسىنى شەيتاننىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە شەيتاننىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلارغا دۇچار قىلىشىدىن ئاگاھ بولۇپ، جانابى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھدىن تەۋبە قىلغۇچى، گۇناھ قىلمىغانغا ئوخشاشتۇر.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى 2450 ـ ھەدىس. ئىمام بۇسەيرى سۈنەن ئىبنى ماجەنىڭ ھاشىيىسى "ئەززەۋائىد"تا بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ بايان قىلغان].

مانا بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەر هاراق ئىچىپ تەۋبە قىلمىغان كىشىنىڭ جازاسىدۇر. ئەمما هاراق ئىچكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلىپ، ئاللاهنىڭ تەرىپىگە قايتقان كىشىنى بولسا، چوقۇم ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ياخشى ئەمەللىرىگە ساۋاپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا هەممەيلەننى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىسۇن، ئاشكارا- يوشۇرۇن پىتنىلەردىن يىراق قىلسۇن.

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز هەمدۇ-سانالار بولسۇن.